# 278724 ـ مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى شۇ مالنىڭ ئۆزىنى ساتقۇچىغا سېتىشنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا

**سۇئال**

2016-يىلى 10-ئايدا خورما يېغىش پەسلى بولدى، خورما يىققانلاردا خورمىنى باغدا تۇرغۇزۇپ خورما تىجارەتچىلىرىگە باھا تالاشتۇرۇپ ساتىدۇ، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، مەنمۇ خورما يېغىش پەسلىدىكى باھا بويىنچە بىرىنچى دەرىجىلىك خورمىدىن ئون توننا ئەتراپىدا خورما سېتىۋالدىم، بۇ خورمىنىڭ كىلوُسى بەش يېرىم(5.5) دىناردىن بولدى، مەن دېيىشكەن مىقداردىكى خورمىلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقتىمدا، ساتقۇچى مالنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرىۋەتتى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ مىقداردىكى خورمىغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ھەتتا بۇنىڭ ئوخشىشىنى بازاردىن سېتىپ ئېلىپ بېرەي دىسىمۇ، ئۇنچىلىك خورمىنى سېتىۋېلىشقا ئىقتىسادى يەتمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك ماڭا ئالدىرىماي سېتىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، مەن مالنى تاپشۇرۇپ ئالمىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن بۇ سودىنى قوبۇل قىلمىدىم، مەن ئۇنىڭدىن دېيىشكەن مېلىمنى تاپشۇرۇشنى ئۆزلۈكسىز تەلەپ قىلدىم، لېكىن ۋاقىت بەك ئۇزۇراپ كەتتى، رامىزان ئېيىدىن كېيىن بۇنداق ماللار بازاردىمۇ تېپىلمايدىغان بولۇپ كەتتى، مالنى تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرگەن ساتقۇچى قولىدا ئىقتىساد بولسىمۇ ماڭا دېيىشكەن مالنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى ھازىر ئۇ مالنىڭ باھاسى ئۆرلەپ بۆگۈنكى كۈندە بىر كىلوُسى(11) دىنارغا چىقتى، ھازىرقى كۈندە مۇشۇ باھادا بولسىمۇ ئۇ قەدەر مالنى تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغان كىشى يوق، بۇ، ساتقۇچىنىڭ گېپىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ كىشى بازارلارنى ئارىلاپ بۇ يىل ئونىنچى ئاي(10-ئاي) كەلمىگۈچە شۇ سۈپەتتىكى مالنى تاپشۇرۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ۋە يېڭى خورمىنىڭ چىقىشىنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چۈنكى ئۇ كىشى يېڭى خورما چىققاندا، مالنىڭ كىلوُسىنىڭ 11 دىناردىن قايتىپ خورما پەسلىدىكى ئەسلى باھاسى بولغان 5.5(بەش يېرىم)دىنارغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ يېڭى خورمىنىڭ چىقىشىنى كۈتكەن، ئۇ كىشى مېنىڭ بۇ يىل خورمىنىڭ يۆتكەش ۋە قاچىلاش خىزمىتىگە مەلۇم مىقداردا پۇلنى چىقىرۋەتكەندىن كېيىن، كىلوُسى 4.5 بىلەن 3.5 دىناردىن ئېلىپ ساتىدىغان خورمىدىن ئېرىشىدىغان پايدامنى زايە قىلىۋەتتى، مېنىڭ سوئالىم: مەن مەزكۇر مالنى تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ساتسام بولامدۇ؟، ئۇنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى ئېنىق، خورما يەنە بىر تىجارەتچىگە سېتىش ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرت قىلىنغان ماللارنىڭ تۈرىگە كىرەمدۇ؟، مەن ئۇنىڭدىن تۆلەم تەلەپ قىلسام بولامدۇ؟، چۈنكى ئۇ ئون ئايدىن بىرى مالنى تاپشۇرۇپ بەرمەي ۋاقىتنى سوزىۋەتتى، بۇ سەۋەپتىن مەن مالنى ۋاختىدا سېتىپ پايدا ئالالمىدىم، ئۇ مېنىڭ پۇلۇمدىن پايدىلىنىپ تىجارەت قىلىۋالدى، خورمىنى تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك مەن نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويدۇم؟.

بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: كۆچلۈك قاراشلارغا كۆرە، سىز بۇ خورمىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى ساتقان كىشىنىڭ ئۆزىگە ساتىسىڭىز دۇرۇس بولىدۇ، بۇ تاپشۇرۇپ ئالىدىغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى سېتىش سودىسى بولىدۇ، ئۇنى ساتقۇچىنىڭ ئۆزىگە ساتسا دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى قەرزنى ئۈستىدە قەرزى بولغان كىشىگە سېتىش دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن ئۇنى شۇ كۈنلۈك باھاسى بويىنچە سېتىش شەرت قىلىنىدۇ، يەنى سودا قىلغان كۈندىكى باھاسى بويىنچە ياكى ئۇنىڭدىن ئەرزانراق بولسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قىممەت بولسا بولمايدۇ، چۈنكى سىز ئۇنى ئۇ كىشىگە پۇلغا ساتتىڭىز، بۇنى نەخ ساتسىڭىزمۇ ياكى نېسى ساتسىڭىزمۇ دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ئۇ قەرزنى ئارپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرگە ساتسىڭىز، بۇ ۋاقىتتا نېسى سېتىش چەكلىنەتتى، سودا قىلغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ ئېلىش كېرەكتى، سىزنىڭ مال ساتقان كىشىگە قەرزنى خورمىغا سېتىپ ئۇنى نېسى قىلىشىڭىز ۋە ئەسلىدىكىدىن زىيادە سېتىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، چۈنكى خورمىنى خورمىغا سېتىشتا: تەڭ-باراۋەر بولۇش ۋە سودا قىلغاندىن كېيىنلا تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى بولۇپ، ئىمام ئەھمەدتىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىممۇ بۇ قاراشنى تاللىغان". ["پەتقهى تويلاملىرى" 25-توم 218-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر بىر كىشى: تاپشۇرۇپ ئالىدىغان مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى سېتىش دۇرۇسمۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋاپ: ئۇنى مالنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ساتسا دۇرۇس بولىدۇ. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا: ھەتتا ئۇنى باشقا يات كىشىگە ساتسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن بۇ قاراشقا قاراپ چىقىش كېرەك، چۈنكى ھەقىقەتتە بۇ قەرىزنى باشقا كىشىگە ساتقاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئېلىشىمۇ قېيىن بولىدۇ، بۇنى باشقا كىشىگە ساتقاندا، تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى ساتقانلىق بولىدۇ.

بۇ مەسىلىنى بەك كېڭەيتىۋېتىش ياخشى كۆرەلمەيدۇ. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ: قەرزنى قەرزدارنىڭ غەيرىگە سېتىش مەسىلىسىدە ئۇنى ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان بولۇشنى شەرت قىلىدۇ، مالنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ساتقاندا ئۇنىڭدا ئۈچ تۈرلۈك شەرتنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ:

بىرىنچى: پايدا ئالماسلىق كېرەك، شۇ كۈندىكى باھا بويىنچە ساتىدۇ، چۈنكى ئەگەر شۇ كۈندىكى باھادىن يۇقىرى ساتسا، ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىدىن پايدا ئالغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىگە بولالمىغان نەرسىدىن پايدا ئېلىشتىن چەكلىگەن. مەسىلەن: بىر كىشىگە يۈز كىلۇ بۇغداي ئالىمەن دەپ يۈز دىرھەم پۇل بەرگەن بولۇپ، بۇغداينى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ۋاقىتتا، يۈز كىلۇ بۇغداينىڭ باھاسى ئىككى يۈز دىرھەم بولسا، مالنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان كىشى، مالنى تاپشۇرۇپ

بېرىدىغان كىشىگە ئىككى يۈز ئەللىك دىرھەمگە ساتىمەن دېسە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى بۇ بۇغداينى تاپشۇرۇپ ئالماي، ئۆزىنىڭ مۈلكىگە قاتماي تۇرۇپ پايدا ئالغان بولدى، بۇ ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىدە پايدا ئېلىش بولىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە: ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىدە پايدا ئالماسلىق ئۈچۈن مالنى شۇ كۈندىكى باھا بويىنچە دېيىشىسە بولىدۇ، دېگەن.

ئەگەر يۈز سا بۇغداي ئىككى يۈز دىرھەمگە باراۋەر كەلسە، ئۇنى بىر يۈز ئەللىك دىرھەمگە ساتسا دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى شۇ كۈندىكى باھاسى بويىنچە ساتسا دۇرۇس بولىدىغان يەردە، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك باھادا ساتسا ئەلۋەتتە دۇرۇس بولىدۇ.

بىز زىيادە سېتىشنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىدە پايدا ئالماسلىق دەپ كەلتۈردۇق، بۇنداق ساتقاندا پايدا ئالمايدۇ بەلكى زىيان تارتىدۇ.

شۇ كۈندىكى باھاسى بويىنچە دېگەنلىك، ئارتۇق ساتماسلىق دېمەكتۇر، ئەگەر تۆۋەنرەك سېتىپ بەرسىڭىز ياخشى ئىش قىلغان بولىسىز.

ئىككىنچى شەرت: نىسى شەكلىدە جازانە ھاسىل بولىدىغان نەرسىلەرنى ساتقاندا، ئىككى تەرەپ ئايرىلىشتىن ئىلگىرى (يەنى پۇلنى ياكى شۇنىڭ مىقدارىدىكى كىلىشكەن نەرسىنى) تاپشۇرۇپ ئېلىش يۈز بېرىشى كېرەك. مەسىلەن: بۇغداينى ئارپىغا ساتقاندا، يۈز كىلو بۇغداينى ئىككى يۈز كىلو ئارپىغا ساتسا دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭ شەرتى ئايرىلىشتىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئېلىش كېرەك. چۈنكى بۇغداي بىلەن ئارپىنىڭ سودىسىدا ئايرىلىشتىن بۇرۇن مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «شۇ كۈنىنىڭ باھاسىدا ئېلىپ-ساتساڭلار بولىدۇ، لېكىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا سودىغا ئالاقىدار بىر نەرسە قالمىسۇن، چۈنكى ئالتۇننى كۈمۈشكە ياكى كۈمۈشنى ئالتۇنغا ساتقاندا ئايرىلىشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مالنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرت قىلىنىدۇ».

ئۈچىنچى شەرت: ئۇ پۇلنى باشقا مالغا ھېساپلىماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇ پۇلنى باشقا مالغا ھېساپلىسا، ئۇنىڭدا پايدا ئېلىشى مۇمكىن، بۇ ۋاقىتتا ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىدە پايدا ئېلىش بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: يۈز كىلو بۇغداينى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ۋاقىت كەلگەندە، ئىككەيلەن: بۇنى بەش قويغا پۇل بەرگەن ھېساپلايلى، قوينىڭ سۈپىتى مۇنداق بولسۇن، يېشى مۇنداق بولسۇن دەپ دېيىشكەن بولسا (چۈنكى ھايۋانلاردا ئالدىدىن پۇل بېرىش دۇرۇس بولىدۇ) -بۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغان- بۇ دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كۆپ ۋاقىتتا پايدا ئالىدۇ، بەش قوي بىر يۈز يىگىرمە كىلو بۇغدايغا باراۋەر كېلىشى مۇمكىن، بۇنداق قىلىش ھەر ۋاقىتنىڭ قەرزنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىت كەلسە، ئۇنى باشقا بىر مالغا ئايلاندۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، بۇ مۇشۇ يول بىلەن قەرزنى ئۆزگەرتىپ قەرزدارنىڭ زىممىسىدە قەرزنى زىيادە قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان چارىدۇر، ھەر قېتىم قەرزنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىت كەلگەندە، ئۇنى باشقا بىر مالغا ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇ كىشىنى قاتمۇ-قات قەرزگە بوغۇۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ مەسىلىدىكى كۈچلۈك قاراش: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك شەرت بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.

ئەمما بىزنىڭ مەزھەپتە: قەرزنى بۇ شەكىلدە سېتىش مۇتلەق دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: «كىمكى بىر نەرسىگە ئالىدىن پۇل بەرسە، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ، باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگەرتمىسۇن». بۇ ھەدىسنى ئىلگىرى بايان قىلغان ئىدۇق.

لېكىن ئىبنى قەييىم"تەھزىيب ئەسسۇنەن"دە تەتقىق قىلغاندەك بۇ ھەدىس زەئىپ. ھەدىسنى سەھىھ دەپ قارىغاندىمۇ: ئۇنىڭدىن: كىمكى بىر نەرسە ئۈچۈن ئالدىدىن پۇل بەرگەن بولسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغاندا، باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگەرتمىسۇن يەنى ئەسلى سەرمايىنى يېڭىدىن بىر نەرسىگە ھېساپ قىلمىسۇن دېمەكتۇر.

ئەمما بىز بۇ ھەدىسنى سەھىھ ئەمەس دېسەك، ئۇ كىشىنىڭ سودىسى ئەسلى ئېتىبارى بىلەن ھالال بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ تەرجىمىسى: «ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى» [سۈرە بەقەرە 275-ئايەت].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بۇ سودىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئالدىدىن مالغا پۇل بېرىش بىلەن باشقا شەكىلدە بەرگەن قەرزنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق، ئەگەر بۇنىڭ ئارىسىدا پەرق بار دېگەن كىشى بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرسۇن". ["شەرھىل مۇمتى" 9-توم 87-بەت].

ئىككىنچى: ساتقۇچى سىزگە خورمىنى تاپشۇرۇپ بەرسە، سىزنىڭ ئۇ كىشىدىن ئۆتكۈزىۋەتكەن پۇرسەتلەر ياكى ئۈزۈن ساقلاش ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان پايدىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن تۆلەم تەلەپ قىلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، چۈنكى قەرزدە ۋاقىتنى سوزىۋەتتى دەپ ئۇنىڭدىن تۆلەم ئېلىش جازانە بولىدۇ.

ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسىنىڭ شەرتنىڭ جازاسى توغرىسىدىكى قارارىدا مۇنداق كەلگەن: "كېڭەش ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى 85-نومۇرلۇق 2/9 قارارىدىكى شەرتنىڭ جازاسى توغرىسىدىكى ھۆكمىنى تەكىتلەيدۇ. قارارنىڭ تېكىستى: "تاپشۇرۇپ بېرىدىغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن كېچىككەنلىكىدىن ئىبارەت شەرتكە جازا قويۇش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ قەرزدىن ئىبارەت بولۇپ، كېچىككەندە قەرزنى زىيادە قىلىشنى شەرت قىلىش توغرا بولمايدۇ". .... مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرۇش سودىسى توغرىسىدىكى 51-نومۇرلۇق 2/6 قارارىدا مۇنداق كەلگەن: خېرىدار مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەيدىغان قەرزنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرسە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شەرت بىلەن ياكى شەرتسىز قەرزنى زىيادە قىلىشنى تەلەپ قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش دېگەن ھارام قىلىنغان جازانىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ["مەجمۇئەن قارارى" 371-بەت].

ئىمكانىيىتى تۇرۇپ باشقىلارغا بېرىدىغان قەرزنى كەينىگە سۆزۈش ھارام بولىدۇ ۋە بۇنداق قىلغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بايىنىڭ قەرزنى سۆزىۋېتىشى زۇلۇمدۇر» [بۇخارى رىۋايىتى2400-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1564-ھەدىس].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بايىنىڭ قەرزنى ئادا قىلماي كەينىگە سۆزىۋېتىشى ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە

جازاغا ئۇچرىشىنى ھالال قىلىدۇ». [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى3628-ھەدىس. نىسائىي رىۋايىتى4689-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى2427-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى ھەسەن دەپ "ئىرۋائۇل غەلىيل"دە 1434-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش توغرا بولىدۇ دېگەنلىك: قەرز ئىگىسى: پالانى ھەققىمنى بەرمەي، ۋاقتىنى سوزىۋەتتى، ماڭا زۇلۇم قىلدى دەيدۇ. سۇپيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە سۇپيان ئەسسەۋرى قاتارلىقلار ئېيتقاندەك، تۈرمىگە قاماشتىن ئىبارەت جازاغا ئۇچرىشىدۇر، دېگەن.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: "سىز ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدىكى خورمىنى ئالتۇنغا ساتىسىڭىز بولىدۇ. شەرت: سودا مالنى ساتقان كۈندىكى بازار باھاسى بويىنچە بولىشى كېرەك. دېيىشكەن ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى نېسى قىلىسىمۇ ياكى بەزىسىنى نېسى قىلىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى پۇلغا ياكى ئالتۇن-كۈمۈشكە خورما سېتىۋالغاندا نەخ تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرت قىلىنمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلىدۇ.